# يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىششىنى ئالغا سىلجىتىشنى زىچ چۆرىدەپ، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق ئىسلاھات، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكى ئارقىلىق خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا، يۇقىرى سەۋىيەدە ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى چۆرىدەپ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇھىم ئامىللارنى تەقسىملەش، ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى سىستېمىلاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭىچە پۈتۈن دۆلەت تۈزۈلمىسى ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا يادرولۇق رىقابەت كۈچىنىڭ ئېشىشىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ۋە ئۇنى چەكلەۋاتقان تۈزۈلمە ـ مېخانىزم توسالغۇلىرىنى قەتئىي تۈگىتىپ، مۇھىم ساھەلەردىكى «گالنى بوغۇدىغان» تېخنىكىلارنى ھۇجۇم بىلەن ھەل قىلىشنى تېزلىتىپ، كەسىپ بوغما ھالىتىدىن ئۈنۈملۈك بۆسۈپ ئۆتۈپ، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىش تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى مەھكەم ئىگىلەش كېرەك. ئىقتىسادىي ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئادىل رىقابەتلىشىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مۈلۈك ھوقۇقى ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى كۈچەيتىش، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، زامانىۋى ئوبوروت سىستېمىسى قۇرۇش، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازار قۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ قاراتمىلىققا ئىگە ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنىڭ يۇغۇرۇلۇپ تۇتاشتۇرۇلۇشى، سىستېمىلىق توپلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشنى چۆرىدەپ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇكەممەل ئىچكى ئېھتىياج سىستېمىسىنى تېز يېتىلدۈرۈپ، رايون ماس تەرەققىياتى تۈزۈلمە ـ مېخانىزمى، شەھەر ـ يېزا يۇغۇرما تەرەققىياتى تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئادەمنى يادرو قىلغان يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، يەر تۈزۈمى، نوپۇس تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، قايتا تەقسىملەش ـ تەڭشەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئورتاق بېيىشقا پۇختا تۈرتكە بولۇش كېرەك. يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇشنى چۆرىدەپ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تاۋار، مۇلازىمەت، مەبلەغ، ئىختىساسلىقلار قاتارلىق مۇھىم ئامىللارنى ھەرىكەت تىپىدا ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قائىدە، قائىدە ـ تۈزۈم، باشقۇرۇش، ئۆلچەم قاتارلىق تۈزۈم قۇرۇلۇشلىرىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، بازار ئېچىۋېتىش ۋە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش، مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش، ئىناۋەت سىستېمىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى قانۇن ـ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى تېز بەرپا قىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئومۇميۈزلۈك يېشىل تىپ ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇشنى چۆرىدەپ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، تەبىئىي بايلىق مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ۋە قانۇن ـ نىزاملارنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، بايلىق باھاسىنى شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق ئايلانما تەرەققىي قىلىدىغان ئىقتىساد سىستېمىسى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، 2030 ـ يىلدىن ئىلگىرى كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈش ھەرىكەت لايىھەسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ تۈزۈپ، تەرەققىياتنى بايلىقتىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قاتتىق ئاسراش، پارنىك گازى قويۇپ بېرىشنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش ئاساسىغا قۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ يېشىل تەرەققىياتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىسلاھاتنى سىستېمىلىق توپلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئىسلاھاتنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە تۈرتكە بولۇشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بىرىنچىدىن، سىستېما قارىشى بولۇشى كېرەك، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزگىرىشنى تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىنتىلىپ، ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىپ، پۈتۈن ۋەزىيەت نەزەرى ۋە سىستېمىلىق تەپەككۇرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىسلاھات سىياسىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، سۈرئىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئۈنۈمنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي ئېففېكتىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر بولۇشى كېرەك، ئىككى نۇقتا نەزەرىيەسى بىلەن مۇھىم نۇقتا نەزەرىيەسىنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان گەۋدىلىك مەسىلەلەرنى ھەل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مۇھىم نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئارقىلىق ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلاپ ئالغا سىلجىتىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى بولۇشى كېرەك، ئىسلاھاتنى سىستېمىلىق توپلاشتۇرۇشتا، بەزىلىرىدە مەركەز قاتلىمىدىن بىرتۇتاش پىلانلاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئالغا سىلجىتىشقا توغرا كېلىدۇ، بەزىلىرىدە يەرلىك ئاساسىي قاتلامدىن باشلاپ باشلامچىلىق بىلەن بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن تۈرتكە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. تۆتىنچىدىن، مىخ قېقىش روھى بولۇشى كېرەك، ئىسلاھاتنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى ياخشى تۇتۇپ، ھەم ئەسلىدە بار بولغان تۈزۈم ئاساسىدا داۋاملىق كۈچ قوشۇش، ھەم ھازىر بار بولغان تۈزۈم رامكىسى ئىچىدە تېخىمۇ ئىنچىكە بېزەشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، تۈزۈم توسۇقىنى راۋانلاشتۇرۇپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: مۇھىم خەلق تۇرمۇشى تاۋارلىرىنىڭ باھاسىنى تەڭشەش ـ تىزگىنلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دىققەتنى ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم تاۋارلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت، ئىستېمال قاتارلىق كۆپ ھالقىنى راۋانلاشتۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ، ھۆكۈمەت، بازار، جەمئىيەت قاتارلىقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىساد، قانۇن، مەمۇرىيەت قاتارلىق كۆپ خىل ۋاستىنى قوللىنىپ، باھانى تەڭشەش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، مۇھىم خەلق تۇرمۇشى تاۋارلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەش ۋە باھانىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم بولۇشىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتا، ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرى ئەڭ جىددىي، ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ جاپالىق بولغان تېببىي داۋالاش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇردى. ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي داۋالاش ـ سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەت خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇپ، داۋالاش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى يۇغۇرۇش، ئادەتتىكى ئەھۋال بىلەن جىددىي ئەھۋالنى بىرلەشتۈرۈش، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، زامانىۋى دوختۇرخانا باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنى نىشان قىلىپ، سىستېمىدا يېڭىلىق يارىتىش، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئەندىزىدە يېڭىلىق يارىتىش، باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقىنى كېڭەيتىش ۋە رايونلار ئارا تەكشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك داۋالاش ـ سەھىيە مۇلازىمىتى بىلەن تېخىمۇ ياخشى تەمىنلەش، ئېغىر، زور يۇقۇم ۋە تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن ئاممىۋى سەھىيە خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش، ساغلام جۇڭگو قۇرۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن كەسپىي ئورۇنلاردا باشقۇرغۇچى ئىش ئورنىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشتا، پارتىيە كادىرلارنى باشقۇرۇش، پارتىيە ئىختىساسلىقلارنى باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى ساپالىق، كەسپىلەشكەن كەسپىي ئورۇن كادىرلار قوشۇنى قۇرۇشنى كۆزلەپ، ھازىر بار بولغان خىزمەتچىلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆزگەرتىپ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ دەرىجىسى بىلەن ئىش ئورنى دەرىجىسىنى مۇۋاپىق ئايرىپ، ئەخلاقى، ئىقتىدارى، ساپاسى، شەخسنىڭ خىزمەت ئىستاژى، خىزمەت ئەمەلىي نەتىجىسىنى ئاساسلىق نامايان قىلىدىغان دەرىجە ئۆستۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن كەسپىي ئورۇنلاردىكى باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ كەسپىي تەرەققىيات بوشلۇقىنى كېڭەيتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىشتە، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ باھالاش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، نوپۇزلۇق دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، دورا بىخەتەرلىكى تۆۋەن چېكىنى قەتئىي چىڭ ساقلاش كېرەك. بۇ قېتىمقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى تەجرىبە، ئۇسۇللارنى سىستېمىلىق يەكۈنلەپ، تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىدىكى تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ كۆزىتىش، سىستېمىلىق تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ باھالاش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، كۆزىتىپ ئۆلچەش، باھالاش، جىددىي ئىشلىتىش قاتارلىق خىزمەت مېخانىزملىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش، جىددىي بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ئېكولوگىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، مۇھىمى سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنى بايلىققا ئايلاندۇرىدىغان سىياسەت ـ تۈزۈم سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، مۇۋاپىق پايدىلىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە بىر مەھەل ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشتەك ئۇسۇلنى تەلتۆكۈس چۆرۈپ تاشلاپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسرىغۇچىلار نەپكە ئېرىشىدىغان، ئىشلەتكۈچىلەر ھەق تۆلەيدىغان، بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلار تۆلەم تۆلەيدىغان مەنپەئەت يۆنىلىشى مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىدىغان، كارخانىلار ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە قاتنىشىدىغان، بازارلاشتۇرۇپ يۈرۈشتۈرۈلىدىغان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان ئېكولوگىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئېكولوگىيەنى كەسىپلەشتۈرۈش ۋە كەسىپلەرنى ئېكولوگىيەلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىدىكى «كەنت زومىگەرى» قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزەشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرى ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىنى يەكۈنلەپ، قوبۇل قىلىپ، زەربە بېرىش بىلەن قۇرۇشنى تەڭ تۇتۇش، ھادىسىنىمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، بولۇپمۇ ناھىيەلىك، يېزىلىق پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «كەنت زومىگەرى» مەسىلىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈزەشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈشكە تەشكىلىي جەھەتتىن تۈرتكە بولۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن بىخەتەر، مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى يارىتىپ بېرىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىدا ھەم ئاخىرقى ئۇچىنى تۇتۇپ، بار كېسەلنى داۋالاش، تېخىمۇ مۇھىمى ئالدىنقى ئۇچىنى تۇتۇپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى «فېڭچياۋ تەجرىبىسى»دە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، غەيرىي دەۋا ماجىرالىرىنى ھەل قىلىش مېخانىزمىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، تېخىمۇ كۆپ قانۇنچىللىق كۈچىنىڭ يېتەكلەش ۋە راۋانلاشتۇرۇش ئۇچىغا قاراپ كۆچۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، زىددىيەت، ماجىرالارنى مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش، ئالدىنقى ئۇچتا تۈگىتىش، ئۆتكەلنى ئىگىلەشنى كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك قانۇن ـ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دەۋانىڭ كۆپىيىشىنى مەنبەدىن ئازايتىش كېرەك.

مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پېشقەدەم يولداشلارنىڭ داۋاملىق نۇر ـ ھارارەت تارقىتىپ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب كەچۈرمىشىگە بىرلەشتۈرۈپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھېكايىسى، پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى كۆپرەك سۆزلەپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ ياش بىر ئەۋلادنى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئېتىقادنى چىڭىتىپ، باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، يېڭى دەۋردە ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. **(جاۋاب خەتنىڭ تولۇق تېكستى ئايرىم بېرىلدى)**

شاڭخەي شەھەرلىك يېڭى 4 ـ ئارمىيە تارىخى تەتقىقات جەمئىيىتى 1980 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇزاق مۇددەت پارتىيە تارىخى، ئارمىيە تارىخى تەتقىقاتى، تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتىگە كۆچ چىقاردى. يېقىندا، تەتقىقات جەمئىيىتىدىكى شى پىڭ، چېڭ ياشى قاتارلىق يېڭى 4 ـ ئارمىيەنىڭ 100 ياشتىن ئاشقان 40تىن ئارتۇق پېشقەدەم جەڭچىسى باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ «پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيەلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ» دېگەن چوڭقۇر تەسىراتىنى بايان قىلدى، دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنكى پارتىيە تارىخى تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، سىياسىي خىسلەتنى مەڭگۈ ساقلاپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى بىلدۈردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك كادىرى جېڭ مىڭچۈەن.

شىمالىي شىنجاڭنى ئېلىپ ئېيتساق، G30 لىيەنيۈنگاڭ ـ قورغاس يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى، كۈيتۇندىن ئالتايغىچە بولغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ھەمدە G216 لىنىيەسىدىكى كۆكتوقايدىن ۋۇسەيۋەنغىچە بولغان تاشيول ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جۇڭغار ئويمانلىقىنى ئايلىنىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك (1 ـ دەرىجىلىك) يول چەمبىرىكى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. بۇ يىل، G216 لىنىيەسىدىكى بېيتۈندىن كۆكتوقايغىچە بولغان تاشيول پۈتىدۇ، شۇ چاغدا جۇڭغار ئويمانلىقى يۇقىرى سۈرئەتلىك (1 ـ دەرىجىلىك) يولدا بىر يېپىق ھالقا شەكىللىنىپ، شىمالىي شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك (1 ـ دەرىجىلىك) يول ئايلانما لىنىيەسى شەكىللىنىدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تەرەققىياتىمۇ تېز سۈرئەتلىك يولغا كىردى، تۇرپاندىن چىقىپ قەشقەر شەھىرىدىن ئۆتۈپ خوتەن شەھىرىگە بارىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول بار بولدى. نۆۋەتتە، لوپ ـ نىيە ـ چاقىلىق يۆنىلىشىدىكى تاشيول ۋە لوپنۇر ـ 35 ـ تۇەن ـ چاقىلىق تاشيولى ياسىلىۋاتىدۇ، يىل ئىچىدە تۇتاشتۇرۇلۇش پىلانلاندى، شۇ چاغدا، تارىم ئويمانلىقىنى ئايلىنىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك (1 ـ دەرىجىلىك) يول چەمبىرىكى شەكىللىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك (1 ـ دەرىجىلىك) يول ئايلانما لىنىيەسى پۈتۈنلەي تۇتاشتۇرۇلىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يول مۇساپىسى 5500 كىلومېتىردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر يۇقىرى سۈرئەتلىك يول دەۋرىگە قەدەم قويغان.